# تەرجىمانىنىڭ سۆزى

قەدىمقى دەۋرلەردە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئايغا، يۇلتۇزغا، تاغقا ۋە تۈرلۈك بۇت-ئىلاھلارغا چوقۇنۇۋاتقاندا، پەرۋەردىگار خۇدا يەھۇدىلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقىنى بىر خۇدالىق ئېتىقات يولىغا باشلايدۇ. بۇنىدىن 3500 يىل بۇرۇن، يەھۇدىلارنىڭ ئەجدادى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقىگە «تەۋرات» قانۇنىنى چۈشۈرىدۇ. بۇنىدىن 3000 يىل بۇرۇن، يەھۇدىلارنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى داۋۇت ئارقىلىق «زەبۇر» بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىدىن 2000 يىل بۇرۇن، يەنە شۇ يەھۇدىلار ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر (ئىنجىل) يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خۇش خەۋەر يەھۇدىلار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. دېمەك «بىر خۇدالىق ئېتىقات» ئەڭ دەسلەپ يەھۇدىلار ئارىسىدا بارلىققا كېلىپ، يەنە شۇ يەھۇدىلار ئارقىلىق دۇنياغا تارقىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن دۇنيادا باشقا «بىر خۇدالىق دىنلار» (ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ قالىدىغان دىنلار) پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مىلادى 4-ئەسىردە پېرسىيەدە مانى دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 7-ئەسىردە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 15-ئەسىردە ھىندىستاندا شىك دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 19-ئەسىردە ئىراندا باھايى دىنى بارلىققا كېلىدۇ ...

ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقان ئەرەپلەرمۇ ئەسلىدە تۈرلۈك بۇت ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان خەلقلەر بولۇپ، كېيىن يەھۇدىلار ئىنجىلنى بۇ زېمىنلارغىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئەرەپلەر ئارىسىدىمۇ «بىر خۇدالىق ئېتىقات» تارقىلىشقا باشلايدۇ. مىلادى 7-ئەسىردە، ئەرەپلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان مۇھەممەت بىر خۇدالىق ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام دىنىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇھەممەت پەيغەمبەرگە بىر پەرىشتە ئارقىلىق خۇدانىڭ ۋەھىسى (قۇرئان) كەلگەن، خۇدا مۇھەممەت ۋە قۇرئان ئارقىلىق ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلىماقچى دەپ قارايدۇ. بىراق مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئەيسانىڭ تەلىملىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى پەرقلەنگەچكە، يەنى قۇرئان بىلەن ئىنجىل زىددىيەتلىك بولغاچقا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈممەتلىرى مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيتىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدا تارىخى زىددىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاپ ئاپتورىنىڭ مۇشۇ ساھەدە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە يېزىپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ كىتاپ دىنى ساھەدىكى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئىدىيىسى ۋە شەخسى تەھلىللىرىنى ئاساس قىلغان بولماستىن، بەلكى بىۋاستە تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار بىلەن قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ۋە تارىخى پاكىتلارنى ئوتتورغا قويۇش ئارقىلىق، قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا مەزكۇر كىتاپنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

دوستۇم، مەيلى سىز قايسى دىنغا ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، ئەگەر ھەقىقەتنى تاپمەن دەيدىكەنسىز، بۇ كىتاپنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ بېقىڭ، ھەم ئۆز ئالدىڭىزغا تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىپ بېقىڭ. ياراتقۇچى ھەقىقەتنى بىلسۇن دەپ ئىنسانغا ئەقىل ۋە قەلبتىن ئىبارەت ئىككى قورالنى بەرگەن، بۇلارغا تايىنىپ ھەقىقەتنى تاپالىشىڭىزغا تىلەكداشمىز!

(بۇ تەرجىمە نوسخا مەزكۇر كىتاپنىڭ 2015ـ يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نوسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى: ئويغان، 2020ـ يىلى)